قۇبۇق دەرياسى بويىدا پورەكلەپ ئېچىلغان ئىتتىپاقلىق گۈللىرى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«مەھەللىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىلىرى ناھايىتى كۆپ، مەنمۇ بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلەندىم».

«بايىنشىرىگ مەھەللىسىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كەيپىياتى ناھايىتى قويۇق، بۇ ھەر ۋاقىت ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بالىلارغا ئۈلگە بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، يەسلىدىكى 31 ئوقۇتقۇچى ‹مېھرىبان ئانا› بولۇشقا تىرىشىپ، ئوتخونغا ئوخشاش بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پۈتۈن زېھنى بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە» دېدى قوبۇقسار بازارلىق يەسلىنىڭ يەسلى باشلىقى ياڭ جىلىڭ.

مەھەللىدىكى ئاچا ـ سىڭىللىق مېھرى

قوبۇقسار بازىرى بايىنبۇلاق مەھەللىسىدە 1400دىن كۆپرەك ئائىلە، 4000 ئادەم بار بولۇپ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان. بايىنبۇلاق مەھەللىسىنىڭ 1 ـ شۇجىسى ما چۈنلۇڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: مەھەللە نۆل ئارىلىق مۇلازىمەت، پىدائىيلار مېھر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ ئۆزئارا ياردەم بېرىش، مېھر ـ شەپقەت مىكرو ھەرىكىتى قاتارلىق سەككىز سۇپا قۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى.

مەھەللە ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نارىنخۇا موڭغۇل مىللىتىدىن. ئۆت يىلدىن بۇيان، ئۇ ئۇيغۇر بىنا باشلىقى ئاپپاشا قۇرباجان بىلەن ھەم خىزمەتتىكى ياخشى ھەمراھ، ھەم تۇرمۇشتىكى ياخشى ئاچا ـ سىڭىل بولۇپ كەلدى.

2017 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئاپپاشا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كەلدى. ئوپېراتسىيەگە كېتىدىغان نۇرغۇن خىراجەت ئەسلىدىنلا قىيىنچىلىقى بار ئاپپاشا ئۈچۈن ئېيتقاندا غەم ئۈستىگە غەم قوشتى. نارىنخۇا بىرىنچى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. مەھەللىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نارىنخۇا ئاپپاشا ئۈچۈن پائال داۋالاش قۇتقۇزۇش ياردىمى ئىلتىماس قىلىپ، ناھايىتى تېزلا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەستىقىغا ئېرىشتى.

نارىنخۇا قۇتقۇزۇش ياردەم پۇلى، ھال سوراش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ، يەنە بىر قېتىم ئاپپاشانىڭ ئۆيىگە باردى، ئۇ ئاپپاشاغا مۇنداق دېدى: «ئاچا، سىز چوقۇم روھىي ھالىتىڭىزنى تەڭشەپ دوختۇرنىڭ داۋالىشىغا ماسلىشىڭ، مەن تېخى سىز بىلەن بىللە خىزمەت قىلىشنى ساقلاۋاتىمەن!»

بۈگۈنكى كۈندە، مەھەللە قورۇسىدا ئاھالىلەر سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئاپپاشا بىلەن نارىنخۇانىڭ بىللە ئاماننى زىيارەت قىلىۋاتقانلىقىنى دائىم كۆرۈپ تۇرىدۇ. «سىڭلىم نارىنخۇانىڭ ماڭا قىلغان غەمخورلۇقىنى ئۇنتۇمايمەن، مەھەللە خىزمىتى ئۈچۈن چوقۇم بىر كىشىلىك تۆھپەمنى قوشىمەن» دېدى ئاپپاشا.

بايىنبۇلاق مەھەللىسى ھەر دۈشەنبە كۈنى دۆلەت بايرىقى چىقىرىپ، دۆلەت شېئىرى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، دائىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى تىپىك شەخسلەرنى سەھنىگە چىقىپ مىكروفوننى قولىغا ئېلىپ، ئەتراپىدىكى كىشىلەر، ئەتراپىدىكى ئىشلارنى سۆزلەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. مەھەللە كادىرلىرىنىڭ تەسىرىدە، مەھەللىدىكى 127 ھەر مىللەت كادىر 130 نامرات ئائىلە بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقان بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى تېخىمۇ رەڭدار ئېچىلدۇردى.

قەلبلەرنى ئىللىتىدىغان ياخشى تۇغقانلار

بايىن ئوبا يېزىسىدا موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق بەش مىللەت كەنت ئاھالىسى ياشايدۇ. يېزىلىق پارتكوم بايىنشىرىگ مەھەللىسىنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ، «بۇ مۇساپىدە سىزنىڭمۇ بولغىنىڭىزغا رەھمەت» قاتارلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى باش تېمىسىدىكى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيەتلىرىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇردى.

يېزىلىق پارتكوم «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، 198 كادىرنى پۈتۈن يېزىدىكى 198 نامرات ئائىلە بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقانلىشىشقا تەشكىللەپ، «تۇغقانلىشىش+نامراتلارنى يۆلەش» پائالىيىتى ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پۇختىلاشنى ئالغا سىلجىتتى.

بايىن ئوبا يېزىسىنىڭ كېلىغانات كەنتى ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇشتىكى نۇقتىلىق كەنت، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سودىگەر چاقىرىش ئىدارىسىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى تۇغقانلاشقان 13 ئائىلىنىڭ ھەربىرىگە 200 دىن چارتوخۇ، 20دىن تۇخۇم توخۇسى، ئوندىن غاز ۋە 250 كىلوگرامدىن يەم ـ خەشەك تارقىتىپ بەردى ھەم باقمىچىلىق تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، تۇغقانلاشقان ئائىلىلەرنى قاراشنى ئۆزگەرتىش، ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بېيىش ماھارىتىنى ئاشۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

كەنت ئاھالىسى باغداۋلەت قالالبېك ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە. 2017 ـ يىلنىڭ يىل بېشىدا، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى گۈەن خېيىەن باغداۋلەت بىلەن تۇغقانلاشتى. باغداۋلەت ئائىلىسىنىڭ 18 يەرلىك نەسىللىك كالىسى بولسىمۇ، ئىنەكلەرنىڭ بوغاز بولۇش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، بىر يىلدا ئاران بىر نەچچىنىلا موزايلايتتى. «ئىنىم، كالىنى بۇنداق باقساڭ بولمايدۇ، چوقۇم نەسىللىك كالا كىرگۈزۈپ نەسلىنى ياخشىلاش كېرەك.» گۈەن خېيىەن باغداۋلەتكە مۇنداق دېدى: «مەن 6000 يۈەن چىقىراي، بۇنىڭغا ئىلتىماس قىلغان نامراتلارنى يۆلەش ياردەم مەبلىغىنى قوشۇپ، دەرھال بېرىپ نەسىللىك كالا سېتىۋال».

بۇلتۇر 6 ـ ئايدا، گۈەن خېيىەن باغداۋلەتنى باشلاپ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك نەسىللىك كالا فېرمىسىغا بېرىپ، بىر نەسىللىك كالا سېتىۋالدى. «بۇ يىل 5 ـ ئايدىن باشلاپ، ئۆيۈمدىكى ئالتە ئىنەك ئارقا ـ ئارقىدىن موزايلايدۇ.» باغداۋلەت كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «گۈەن ئاكامنىڭ ياردىمىدە ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ».

ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىخەتەر، مۇقىم مۇھىت يارىتايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. 70 يىلدا توسالغۇلارنى سۆپۈرۈپ تاشلىدۇق، 70 يىلدا جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىدۇق، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى. بىز كۆرمىگەن تاغ ـ دەريالارنى بېسىپ ئۆتتۇق، لېكىن يەنە تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىشقا، دەريالارنى كېچىشكە توغرا كېلىدۇ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بۇرچ تېخىمۇ شەرەپلىك، ۋەزىپە تېخىمۇ مۈشكۈل، خىرىس تېخىمۇ كەسكىن، خىزمەت تېخىمۇ ئۇلۇغ. ھازىرقىدەك پاراخوت ئوتتۇرا ئېقىنغا بارغاندا دولقۇن تېخىمۇ كۈچەيگەن، ئادەم يېرىم يولغا بارغاندا ئىلگىرىلەش تېخىمۇ قىيىنلاشقان پەيتتە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ھۇجۇم بىلەن مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئۆتكەلنى ئىگىلىشىگە تېخىمۇ توغرا كېلىدۇ. مۇرەككەپ، كەسكىن خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە دۆلەت ئىچىدىكى مۈشكۈل، ئېغىر ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى ئالدىدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، جاسارەت بىلەن ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلىق يارىتىپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەت يېتىلدۈرۈپ، قەتئىي ھالدا سىياسىي بىخەتەرلىكنى قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى قوغداپ، خەلقنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغاندىلا ئاندىن يېڭى دەۋردىكى يېڭى مۇساپە ئۈچۈن ياخشى، بىخەتەر، مۇقىم مۇھىت يارىتالايدۇ.

ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىخەتەر، مۇقىم مۇھىت يارىتىشتا ئادىل، مەدەنىي قانۇن ئىجرا قىلىشنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. ئادىللىق، ھەققانىيلىق قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش خىزمىتىنىڭ جان تومۇرى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرىدۇ، ئادىل، مەدەنىي قانۇن ئىجرا قىلىشنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ـ ئاشۇرالماسلىق خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قانۇندىچىللىق ئوبرازىغا مۇناسىۋەتلىك. ئاچقۇچلۇق ھالقىنى تۇتۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش مېخانىزمى ۋە باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش، چەكلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تىرىشىپ خەلق ئاممىسىغا ھەربىر دېلونى بېجىرىش، ھەربىر ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈنۈمى كىشىلەرنى تولۇق قايىل قىلىش. ئادىل، مەدەنىي قانۇن ئىجرا قىلىشنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇش تەلىپىنى توغرا ئىگىلەپ، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، جىنايەتكە زەربە بېرىشنى كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن، ئۈنۈمنى قوغلىشىشنى ئادىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن، قانۇن ئىجرا قىلىش مەقسىتىنى قانۇن ئىجرا قىلىش شەكلى بىلەن ئورگانىك بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تىرىشىپ ئەڭ ياخشى قانۇن ئۈنۈمى، سىياسىي ئۈنۈم، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. قانۇننىڭ نوپۇزى خەلقنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشى ۋە چىن ئېتىقادىدىن كېلىدۇ. قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي خەلق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئىشلارنى قانۇن بويىچە بېجىرىدىغان، ئىشقا يولۇققاندا قانۇننى ئىزدەيدىغان، مەسىلىنى ھەل قىلغاندا قانۇندىن پايدىلىنىدىغان، زىددىيەتنى پەسەيتىشتە قانۇنغا تايىنىدىغان ياخشى قانۇنچىللىق مۇھىتى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىخەتەر، مۇقىم مۇھىت يارىتىشتا ساقچىلار قوشۇنىنى ئىسلاھات ئارقىلىق كۈچەيتىش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاپ ئالغا سىلجىتىشتا جەزمەن ئورگانلارنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ساقچى تۈرلىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنى كۈچەيتىپ، ئاساسىنى پۇختىلاپ، فۇنكسىيەسى ئىلمىي، ئىش ھوقۇقى ئېنىق، قوماندانلىقى راۋان، يۈرۈشۈشى يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ ئاپپارات فۇنكسىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك؛ جەزمەن پەن ـ تېخنىكا ۋاستىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئىگىلەپ، قوللىنىپ، چوڭ سانلىق مەلۇمات ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ جەزمەن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك مۇلازىمەت تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىشى قىيىن بولۇش، ئىش بېجىرىشى ئاستا بولۇش، كۆپ قاتراش، قولايسىز بولۇش قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ياخشى ھەل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ بىۋاستە، تېخىمۇ ئەمەلىي ئېرىشىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش كېرەك.

ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىخەتەر، مۇقىم مۇھىت يارىتىشتا يۇقىرى ساپالىق، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنى قۇرۇش كېرەك. «قانۇن ئادەمنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئىدارە قىلىشى، يىراقنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يېقىننى ئىدارە قىلىشى كېرەك». جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنى پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالىدىغان، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىدىغان قاتتىق مۈرنى چېنىقتۇرۇشتا پولاتتەك غايە ـ ئېتىقادقا، پولاتتەك مەسئۇلىيەتچانلىققا، پولاتتەك كۈچلۈك قابىلىيەتكە، پولاتتەك ئىنتىزامغا، ئىستىلغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ساقچىلار قوشۇنىنى سىياسىي جەھەتتە قۇرۇش، ساقچىلار قوشۇنىنى ئىسلاھات ئارقىلىق كۈچەيتىش، ساقچىلار قوشۇنىنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يۈكسەلدۈرۈش، ساقچىلار قوشۇنىنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۈچەپ جامائەت خەۋپسىزلىكى پولات قوشۇنى قۇرغاندىلا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن يېڭى دەۋردىكى مەسئۇلىيەت، بۇرچنى ياخشى ئادا قىلالايدۇ.

«كۆز ئالدىمىزدىكى مىڭلىغان تاغلار يېشىللىققا پۈركەندى، شەرق شامىلىدىن پايدىلىنىپ يەلكەن چىقىرىلدى». بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇزۇن سەپىرى بولىدۇ، بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى مۇساپىنى باشلاپ، ئۇيۇل تاشتەك چىڭ ئىشەنچ، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان جاسارەت، قەتئىي بوشاشمايدىغان ئىرادە بىلەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت ياراتساقلا، بىز چوقۇم جۇڭگو ئامىلىق غايەت زور پاراخوتنى ھەيدەپ دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىپ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئالغا ئىلگىرىلىتەلەيمىز.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

شىنجاڭ ياخشى جاي

بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك قول تۇتۇشۇپ، سېھرىي كۆكچە تولغان تاغ گۈلى بايرىمىنى باشلىدى

مۇخبىرىمىز شىي خۇيبيەن خەۋەر قىلىدۇ: «بىر تۈپ كىچىك ئاق تېرەك، ئۈستى قاراۋۇلخانا بىنىدا؛ يىلتىزى چوڭقۇر، غولى يوغان بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭنى قوغدىماقتا...» 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، تارباغاتاينىڭ چاغانتوقاي ناھىيەسىدىكى كىچىك ئاق تېرەك قاراۋۇلخانىسىدا، ھەممەيلەن پىششىق بىلىدىغان «كىچىك ئاق تېرەك» دېگەن ناخشا بىلەن 13 ـ نۆۋەتلىك تارباغاتاي چاغانتوقاي تاغ گۈلى بايرىمىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى.

ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ، چاغانتوقاي ناھىيەسىدىكى 1000 خىلدىن ئارتۇق تاغ گۈلى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلىپ، خۇش پۇرىقى ھەر تەرەپكە تارىلىپ، جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك نۇرغۇن ساياھەتچى ۋە فوتو سۈرەت ھەۋەسكارلىرىنى كېلىپ ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 8 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە، 100 كۈن داۋاملىشىدىغان تاغ گۈلى بايرىمى چاغانتوقاي ناھىيەسىنىڭ پۈتۈن يىللىق «ساياھەت ئارخىپى»غا سىڭدۈرۈلىدۇ.

باشلىنىش مۇراسىمىدا، شىنجاڭنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن نەچچە يۈز ساياھەتچى بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى پۇلاڭلىتىپ، سەھنىدىكى ناخشىچى بىلەن بىللە «ۋەتەننى كۈيلەيمەن» دېگەن ناخشىنى ئېيتتى. «بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، كىچىك ئاق تېرەك قاراۋۇلخانىسىنى تاللاپ تاغ گۈلى بايرىمى ئۆتكۈزۈشتە، قىزىل ساياھەت بىلەن ئېكولوگىيەلىك ساياھەتنى بىرلەشتۈرۈپ، ساياھەتچىلەرگە ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرىنى ھېس قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، ئۇلۇغ ۋەتەنگە چىن دىلىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغان.» چاغانتوقاي ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى لىيۇ كېچىڭ مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە چاغانتوقاي ناھىيەسى ساياھەت ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىنى جەلپ قىلىدۇ.

پائالىيەت كۈنى، ساياھەتچىلەر كىچىك ئاق تېرەك كۆرگەزمە سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، يول بويى تاستى دەرياسى ۋادىسى، تۆرجايلاۋ يايلىقى قاتارلىق ئېپتىدائىي ئېكولوگىيەلىك گۈزەل مەنزىرىلەردىن بەھرىلەندى.

بۇ نۆۋەتلىك تاغ گۈلى بايرىمىدا «گۈلدەك چاغانتوقاي سېھرىي كۆكچە تولغان 9 ـ شى» باش تېما قىلىنغان بولۇپ، بايرامنى تۇنجى قېتىم چاغانتوقاي ناھىيەسى بىلەن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 9 ـ شى 161 ـ تۈەنى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن. نۆۋەتتە، ئىككى تەرەپ قول تۇتۇشۇپ بارلىق تېغنى دۆلەت 5A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقماقچى.

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر چاغانتوقاي ناھىيەسىنىڭ بارلۇق تېغى مەنزىرە رايونىدىكى ياۋا چوغلۇق جىلغىسىدا گۈل سەيلىسى قىلماقتا.

□ مۇخبىرىمىز **جېن شىشىن** فوتوسى